# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مېنىڭ ئۇھۇد جېڭىغا قاتنىششىمنى ئىلتىماس قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ مېنى رەت قىلغان، شۇ كۈندە مەن ئون تۆرت ياش ئىدىم

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مېنىڭ ئۇھۇد جېڭىغا قاتنىششىمنى ئىلتىماس قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ مېنى رەت قىلغان ئىدى، شۇ كۈندە مەن ئون تۆرت ياش ئىدىم. خەندەك غازىتى كۈنى ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغاندا، مەن ئون بەش ياش ئىدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇھۇد جېڭىغا قاتنىششىنى ئىلتىماس قىلغاندا، (يەنى ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا) ئۇنىڭ يېشى ئون تۆرت ياش ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىھادقا قاتنىشىش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەندەق غازىتى يىلى (يەنى ھىجرىيەنىڭ بەشىنچى يىلىدا) ئۇنىڭ يېشى ئون بەش ياش ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا قايتا جىھادقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپتە خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى يەنى ئۇھۇد غازىتى كۈنلىرىدە ئون تۆت ياشقا ئەمدى كىرگەن، خەندەق غازىتى كۈنلىرىدە ئون بەش ياشقا تولغان كۈنلىرى ئىدى